# «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، زامانىۋى تۇرمۇش كەچۈردۇق، كەلگۈسىمىز ئۈمىدكە تولدى»

## ـــ شىنجاڭلىق خىزمەتچىلەر سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان تۇرمۇشى توغرىسىدا توختالدى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى
لىيۇ بىلىك، يۈ تاۋ، ئاينۇر

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇشتا بىر مىللەت كەم قالسىمۇ بولمايدۇ. ئىقتىساد ئانچە تەرەققىي قىلمىغان شىنجاڭدا، بولۇپمۇ ئېغىر نامرات جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ئاز بولۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇش قىيىن بولۇش ھەر مىللەت ئاممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدا يولۇققان ئەڭ زور قىيىن مەسىلە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە نامرات ئاممىنىڭ يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى پائال كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۈپىتى قۇرۇپ، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ئادەم ئىشلىتىدىغان كارخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەر مىللەت نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى يېقىندا ھەرقايسى جايلاردا ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقان شىنجاڭلىق ھەر مىللەت خىزمەتچىلىرىنى زىيارەت قىلدى، ئۇلار بەس-بەستە مۇنداق بىلدۈردى: سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۆزىمىز ھەم پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى، تۇرمۇش سەۋىيەمىز كۆرۈنەرلىك ئۆستى، كەلگۈسىمىزگە قارىتا ئۈمىدكە تولدۇق.

### سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش ـــ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش «سۈرئىتىنى تېزلەتتى»

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ـــ قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، مەركەزلىك تۇتاش كەتكەن ئېغىر نامرات رايونغا تەۋە. بۇ يەردە كلىمات قۇرغاق، ئادەم كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز، نامرات نوپۇسىنىڭ سانى كۆپ، نامراتلىق دەرىجىسى چوڭقۇر، ساناەت ئاساسى ئاجىز بولۇپ، دېھقانچىلىقلا تايىنىپ ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشى تەس بولۇش قىيىن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى خاس باغۋەنچىلىك، پاختا قاتارلىق بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، توقۇمىچىلىق، كىيىم-كېچەك قاتارلىق بىر تۈركۈم كارخانىلارنى ماكانلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلىپ، يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار يەنە شىنجاڭ ئىچىدە رايون ھالقىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرگە يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

مۇخبىرلارنىڭ زىيارەت قىلىپ ئىگىلىشىچە، شىنجاڭلىق خىزمەتچىلەرنىڭ نورمال خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جياڭسۇ، ئەنخۇي، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇن كارخانا ئۇلارنى ياخشى ياتاق شارائىتى بىلەن تەمىنلەپ، تېلېۋىزور، ھاۋا تەڭشىگۈچ، كىرئالغۇلارنى تولۇق سەپلەپ بەرگەن، يەنە ئاشپەز ئورۇنلاشتۇرۇپ خىزمەتچىلەرنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە كاپالەتلىك قىلغان. ئادەم ئىشلىتىدىغان كارخانىلار يەنە ئاز سانلىق مىللەت خىزمەتچىلەر بىلەن تىل ئالاقىسى قىلالايدىغان تېخنىكلارنى ئومۇميۈزلۈك سەپلەپ، ئۇلارنىڭ تېزدىن ماھارەت ئىگىلىشى، ئىش ئورنىغا ماسلىشىشىغا ياردەم بەرگەن. نۆۋەتتە، شەرقىي قىسىم، ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى شىنجاڭلىق ئىشلەمچىلەرنىڭ كىشى بېشى يىللىق كىرىمى 40 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولۇپ، يۇرتىدىكى كىرىمىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدىكەن.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسىدىكى دېھقان مەمتىمىن ئەيساجان ئائىلىسىدىكى تۆت جاننىڭ تېرىلغۇ يېرى بەش موغا يەتمەيتتى، ئىككى بالىسى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى، كۈنلىرى غورىگىل ئۆتەتتى. 2018 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئۇ ۋە خوتۇنى كەنتتىكى چوڭ كانايدا ئاڭلىتىلغان ئېلاندىن ئۈرۈمچىدىكى بىر توقۇمىچىلىق كارخانىسىنىڭ ئىشچى قوبۇل قىلىۋاتقانلىقى، يەنە تېخنىكا بويىچە ھەقسىز تەربىيەلەيدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تىزىملاتقان. «باللىرىمىز پات ئارىدا ئالىي مەكتەپكە چىقاتتى، تېرىقچىلىققا تايانساق قىيىنلىپ قالاتتۇق، يۇرتىمىزدا كۈنلۈك ئىشلىسەك بىر ئايدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 2000 يۈەن تاپالايتتۇق. ھازىر ئىككىمىز ھەر ئايدا 10 مىڭ يۈەن تاپالايمىز، بۇ ئائىلىمىزنىڭ ئىلگىرىكى بىر يىللىق كىرىمىدىن ئاشىدۇ. توغقانلىرىمىنمۇ چىقىپ ئىشلەشكە چاقىرايمىكىن دەۋاتىمەن».

2019 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت ناھىيەسىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئىمىن سۇلايمان ناھىيەدىكى ئەمگەك مۇلازىمەتى شىركىتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، ئەنخۇي خېفېيغا كېلىپ بىر ئېلېكتىرونلۇق زاپچاسلارنى قۇراشتۇرۇش كارخانىسىدا ئىشلىگەن. بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇ ئۆيىدىكىلەرگە جەمئىي 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئەۋەتكەن. «ئىلگىرى چالان ئۆستۈرۈپ بىر يىلدا پەقەت 10 مىڭ يۈەنلا كىرىم قىلالاتتىم، ئائىلەمنى باقالمايتتىم، ئىشچى بولسا بۇنچە يۇقىرى كىرىم قىلىدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، بالدۇرراق كەلسەم بوپتىكەن».

### زامانىۋى تۇرمۇشقا سىڭىشىپ، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى

پامىر ئېگىزلىكىدىن كەلگەن چارۋىچى قەھرىمان مەمتىمىن بۇلتۇر خوتۇنى، سىڭلىسى بىلەن تۇنجى قېتىم تاغدىن ئايرىلىپ، گۇاڭدۇڭدىكى بىر كارخانىغا كېلىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغاندىن كېيىن، ئۇ تۇنجى قېتىم پويىزغا، ئايروپىلانغا ۋە مېتروغا ئولتۇرۇپتۇ، ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە ساياھەت قىپتۇ، مال سېتىۋاپتۇ، كىنو كۆرۈپتۇ، ئۇ يەنە توردا مال سېتىۋېلىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ، «بىردىنلا زامانىۋى تۇرمۇشقا كىرگەندەك ھېس قىلدىم».

زىيارەتنى قوبۇل قىلغان بەزى شىنجاڭلىق ئىشلەمچىلەر مۇنداق بىلدۈرۈشتى: شەرقىي قىسىم، ئوتتۇرا قىسىمدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكىلەرگە كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، كىرىمىمىز ئېشىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى، تۇرمۇشىمىز موللاشتى، رەڭدارلاشتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ يېزىسىدا چوڭ بولغان مىرشاھمەت ھاپىش ۋۇشى شەھىرىگە كېلىپ ئىشلەمچىلىك قىلغاندىن كېيىن، تېزلا «جياڭنەندىكى سۇ يۇرتى»نىڭ ئاۋاتلىقى، قاينام تاشقىنلىقى ۋە تەبىئىي شارائىتى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ياقتۇرۇپ قالغان. ئىككى يىلدىن بۇيان، ئۇ دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، شاڭخەي، نەنجىڭ، خاڭجوۋ قاتارلىق ئەتراپتىكى چوڭ شەھەرلەرنى ئايلىنىپ چىققان. ئوخشاشلا ئاقتۇ ناھىيەسىدىن كەلگەن زۇلاجىگۈل غوپۇر مۇنداق دېدى: «كىچىك ۋاقتىمدا دېڭىزنى تېلېۋىزوردىلا كۆرگەنىدىم، گۇاڭدۇڭ خۇيجوۋغا ئىشلەمچىلىك قىلغىلى كەلگەندىن كېيىن، ۋاقتىم بولسىلا دېڭىز بويىغا ئويناپ باردىم. بۇ يەرنىڭ يېمەكلىكلىرى، ئىشلىتىدىغان نەرسىلىرى، تەبىئىي مۇھىتىمۇ يۇرتىمىزنىڭكىدىن ياخشى ئىكەن، مەن ھازىر تىرىشىپ پۇل يىغىۋاتىمەن، مۇشۇ يەردىن ئۆي سېتىۋېلىپ ماكانلىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن».

شىنجاڭلىق ئىشلەمچىلەر ئادەتتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئىشداشلىرى بىلەن پىكىرلىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ پۈتۈنگۇا سەۋىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى، ئەمگەك ماھارىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆسۈپتۇ. ئاقچى ناھىيەسىدىن كەلگەن نامرات دېھقان ھەسەن توختاخۇن جياڭسۇدىكى بىر ماشىنىسازلىق ياسىمچىلىق كارخانىسىدا ئالتە يىل ئىشلەپتۇ. ئۇ ھازىر تايانچ تېخنىك بولۇپلا قالماي، يەنە سېختىكى يېتەكلەيدىغان شاگىرتى ئەڭ كۆپ ئۇستىغا ئايلىنىپتۇ. «مەن ئاللىقاچان پۈتۈن ئائىلە بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇم، ھازىر ئۈچ شاگىرت يېتەكلەۋاتىمەن، ئۇلارنىڭ تېزرەك تېخنىكىنى ياخشى ئۆگىنىپ، كۆپرەك پۇل تېپىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

زامانىۋى كارخانا خىزمىتىگە تەدرىجىي ماسلىشىشقا ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامرات رايونلىرىدىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى قوغداش ئېڭىمۇ ئۆسۈپتۇ. نەنجىڭدا ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان شىنجاڭلىق ئايال ئىشچى تولغانئاي ھاشىم مۇنداق دېدى: كارخانىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار جەمئىيىتى بار، «كىچىككىنە ئەر ـ خوتۇن جېدەللى، باللارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىدىن تارتىپ، چوڭى ئەمگەك ئىش ھەققى ماجراسى، مائاش ـ تەمىناتىچە، ھەممىمىز قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىمىزنى پائال قوغدايمىز».

### تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتتى، كەلگۈسى ئۈمىدكە تولدى

نۇرغۇن كارخانىدىكى شىنجاڭلىق خىزمەتچىلەرنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەككە كاپالەتلىك ئىگە بولغان، تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن قولايلىقلارنى ھېس قىلغان، نۇرغۇن كىشىدە تۇرمۇش سۈپىتى ۋە كىشىلىك ھايات، كەلگۈسىگە قارىتا تېخىمۇ يېڭى ئىنتىلىش بولغان، ئىگىلىك تىكلەش، داۋاملىق بىلىم ئېلىش پىلانى پەيدا بولغان.

شىرىنئاي ئەلقەم نەنجىڭدىكى بىر ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا كارخانىسىدا ئاشپەزلىك قىلىدۇ، ئايلىق كىرىمى ئىلگىرى يۇرتىدا ئاشخانىدا ئىشلىگەن ۋاقتىدىكىگە قارىغاندا ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك. ئۇ مۇنداق دېدى: ھازىر مۇنچا، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان تەرەت تۇڭىنى ئىشلىتىپ كۆنۈپ قالدىم، تۇرمۇش، تازىلىق ئادىتىم كۆپ ئۆزگەردى، بۇ يىل يۇرتىمىزدىكى ئۆينى بېزىگەندە، ئېلېكتىر سايمانلىرى، مۇنچا، سافا قاتارلىقلارنى تولۇق سەپلەپ، ئاتا ـ ئانام ۋە باللارنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ پاكىز، تېخىمۇ ئازادە قىلدۇق.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت ناھىيەسىدىكى ئارزۇگۈل ئىمىن خېفېيدىكى بىر كارخانىغا كېلىپ ئىشلەمچىلىك قىلغاندىن كېيىن، خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا يەنە ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون ئارقىلىق ئۈندىدار سودىسى قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، پەرداز بۇيۇملىرىغا ۋاكالەتچى بوپتۇ، ھەر ئايلىق ئومۇمىي كىرىمى 7000 يۈەنگە يېقىنلىشىدىكەن. «يۇرتىمىزدىكى قىزلار ئىلگىرى بالدۇرلا توي قىلغاچقا كۆپىنچىسىنىڭ كىرىمى يوق ئىدى، ھازىر خىزمىتىمىز بار بولدى، ئائىلىدە ‹يېرىم دۇنيا› بولۇپ، بارغانسېرى ئۆزىمىزگە ئىشىنىدىغان بولدۇق، بارغانسېرى گۈزەللەشتۇق».

كىرىمىنىڭ ئېشىشى، كۆز قاراشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىشلەمچىلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ياشلار كەلگۈسى توغرىسىدا تېخىمۇ گۈزەل پىلانلارنى تۈزگەن. 19 ياشلىق قىزچاق بۈمەريەم ھوشۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد ئاقچى ناھىيەسىدىكى تاغدا ياشاپ كەلگەن، ئائىلىسىدە ئادەم كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز بولۇپ، تۇرمۇشى نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكەن. بۇلتۇر ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا تولۇق كۇرسقا ئۆتەلمەي، گۇاڭدۇڭدىكى بىر كارخانىغا بېرىپ ئىشلىگەچ تەكرار قىلىشنى قارار قىلغان. ھازىر ئۇ ھەر ئايدا 3500 يۈەن يىغالايدۇ، «كېلەر يىلى يەنە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىمەن، ئۆزۈم يىغقان پۇل بىلەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرىمەن».

يەنە بەزى ياشلار ئىگىلىك تىكلەشنى كىشىلىك ھاياتىنىڭ يېڭى نىشانى قىلغان. نەنجىڭدا كۆپ يىل ئىشلەمچىلىك قىلغان نۇراش ئېبىت بۇ يىل 4 ـ ئايدا ئىنىسى نۇراج ئېبىتنىمۇ شىنجاڭنىڭ كۇنەس ناھىيەسىدىكى يۇرتىدىن ئېلىپ چىقىپ، كارخانىدا بىللە ئىشلىدى. «بىز ياشلار ئەمدى بىر نەچچە مو يەرنى ساقلاپ يېتىپ كۈن ئۆتكۈزسەك بولمايدۇ، چوقۇم يۇرتتىن چىقىپ چوڭ شەھەرلەردىكى كىشىلەرنىڭ قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقى، تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشىمىز، يۇرتىمىزدا يوق يېڭى سودا پۇرسىتىنى تېپىپ، ئۆگەنگەندىن كېيىن قايتىپ كېتىپ ئىگىلىك تىكلەپ، ئۆزىمىز لوبەن بولۇشىمىز كېرەك».

ئايچىنار قۇربان بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇل دوستى ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقتۇ ناھىيەسىدە چارۋىچى ئىدى، ھازىر گۇاڭدۇڭدىكى بىر كارخانىدا ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقىلى ئىككى يىل بولدى. ھازىر، ئۇلار ئېلېكترونلۇق سودىدىن ئىبارەت سودا ئەندىزىسىنى نىشانلاپ، يېتەرلىك پۇل توپلاپ يۇرتىغا قايتىپ ئېلېكترونلۇق سودا تىجارەت نۇقتىسى ئېچىپ، يۇرتىنىڭ قوتاز گۆشى، قوي گۆشى، گۈلە قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى توردا، تور سىرتىدا سېتىپ، تېخىمۇ كۆپ يۇرتداشلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىشنى پىلانلاپتۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بىر، ئون، يۈز، مىڭ» قۇرۇلۇشى يەنى بىر بىۋاستە كۆرستىش بازىسىنى بەرپا قىلىش، ئون نۇقتىلىق بىۋاستە كۆرستىش سۇبيېكتىنى يۆلەش، 100 نۇقتىلىق تاۋارنى مەركەزلىك تەشۋىق قىلىش، 1000 بىۋاستە كۆرستىشتىكى ئاكتىپ شەخسنى يېتىشتۈرۈش. ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى ئېلېكترونلۇق سودىدا ئۆلگە كۆرستىش ناھىيەلىرىدىن ھەر ئايدا ئاز دېگەندە بىر قېتىم ناھىيە رەھبەرلىرى بىۋاستە كۆرستىپ مال تونۇشتۇرۇش قاتارلىق ماركېتىڭ پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىۋاستە كۆرستىش ئېلېكترونلۇق سودىسىنىڭ ئومۇمىي كەسپىي ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى شەھىرى، قەشقەر شەھىرى قاتارلىق يەتتە نۇقتىلىق شەھەردە «ئاقىل سودا چەمبىرىكى» قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئىستېمالنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك «كۇرسلۇق ئىستېمال، سۈپەتلىك ئىستېمال توردا سېتىۋېلىش بايرىمى» پائالىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى چىڭ تۇتىدىكەن.

دەسلەپكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار تەشكىللىگەن تۈرلۈك بىۋاستە كۆرستىپ مال تونۇشتۇرۇش ۋە ئېلېكترونلۇق سودا يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى 300 مەيدان(قېتىم)دىن كۆپرەككە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولغان.

«بىز يېزىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، كۆلەملەشتۈرۈش، كۇرسلاشتۇرۇش مۇساپىسىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ساۋ شياڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئېلېكترونلۇق سودا مارالبېشىنىڭ شىرنە قوغۇن كەسپى، لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ نان كەسپى، جېمنەي ناھىيەسىنىڭ قوي كەسپى ۋە گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ ئۇنى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەۋزەل كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى جىپسىلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ، رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە كەسىپلەرنىڭ تېز ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز ئېلېكترونلۇق سودىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشتە ئۇنىۋېرسال ئۆلگە كۆرستىش تۈرىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئېلېكترونلۇق سودا سۇبيېكتلىرى ھەم ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ۋە ئىستېمال قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىكەن.

ئىگىلىنىشچە، نۆۋەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا دۆلەت ئېلېكترونلۇق سودىدا ئۆلگە كۆرستىش ناھىيەسىدىن 47سى تەستىقلانغان بولۇپ، يىل ئىچىدە ئېلېكترونلۇق سودىدا ئۆلگە كۆرستىش ناھىيەسىدىن يەنە ئالتىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى داۋاملىق قولغا كەلتۈرۈلىدىكەن.

شىنجاڭ ياخشى جاي



قاناسنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر قاناس مەنزىرە رايونىدا بۇلۇت دېڭىزى ئاجايىپ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلماقتا. 6 ـ ئاي كىرگەندىن بۇيان، قاناس مەنزىرە رايونى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18 مىڭ ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋالدى. □ لى لۇفېي فوتوسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)